# 103846 - كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن كىيىمنىڭ پاكىز ئەمەسلىكى توغرىسىدا شەك قىلغانلىق توغرىسىدا

## سوئال

مەن چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى، كۆنۈمنىڭ كۆپ قىسمىنى خىزمەت ئورنىدا ئۆتكۈزىمەن، كىچىك تاھارەت قىلىدىغان ۋاختىمدا، ھاجەتخانىنىڭ ئورۇندۇقىغا نىجاسەت يۇقۇپ قالدىمىكىن دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سىيىمەن، گەرچە ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا سۈيدۈك تامچىلىرى چاچرىمىدى دەپ قارىغاندىمۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇشنى كۆڭلۈم خالىمىدى، كېچىك تەرەتتە پاكىزلىنىش ئۈچۈن تازىلىق قەغىزى ئىشلىتىمەن، ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ ئۆرە تۇرۇپ سىيگەندىن كېيىن ئىشتانغا تېمىپ كەتكەن سۈيدۈك تامچىلىرى قانداق بولىدۇ؟ئىنسان بۇ ئىشنى ئۆز گۇمانىدا يۈز بەردى دەپ قارىغان بولسا، ھۆكۈم ئۆزگىرەمدۇ؟ياكى نىجاسەت تامچىدى دەپ قارىغان جاينى سۈرتۈۋېتىش ياكى ئۇ جايغا سۇ سېپىۋېتىشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلامدۇ؟ بۇ ئىش توغرىسىدا كۆپ سوئال سوراش ۋەسۋەسىدىن ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سۈننەت بويىچە ئولتۇرۇپ سىيىش كېرەك، ئەمما كىيىمگە ۋە بەدىنىگە نىجاسەت چاچراپ كېتىشتىن ساقلانسا ئۆرە تۇرۇپ سىيىسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ.

ئىنسان ئۆرە تۇرۇپ سىيگەن ۋاقتىدا كىيىمگە نىجاسەت چاچراپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولسا، نىجاسەت چاچرىغان ئورۇننى يۇيۇۋېتىش كېرەك بولىدۇ، نىجاسەت يۇققان ئورۇننى سۈرتۈۋېتىش ياكى ئۇ يەرگە سۇ چېچىۋىتىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ جاينى سۇ بىلەن پاكىزە يۇيۇش كېرەك.

ئىنسان كىيىمگە سۈيدۈك چاچرىدىمۇ ياكى چاچرىمىدىمۇ؟ بۇنىڭدا شەكلىنىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا كىيىمنى يۇيۇش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى كىيىمنىڭ پاكىزە ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نىجاسەت يەتكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندا يۇيۇش كېرەك بولىدۇ.

دائىمي كومىتېت ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: "سىز كىيىمىڭىزگە سۈيدۈك تامچىلىرى تېمىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىڭىز، سىز ئۈچۈن قايتىدىن ئىستىنجا قىلىپ، ھەر ناماز ئۈچۈن ئايرىم تەرەت ئېلىپ، كىيىمىڭىزگە تامچىلىغان نىجاسەتنى يۇيىۋېتىشىڭىز كېرەك بولىدۇ، ئەمما ئېنىق بىلمەي شەك قىلىپ قالسىڭىز، بۇنداق قىلىش كېرەك

بولمايدۇ، سىز ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن شەكتىن يىراق تۇرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ". ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى"5-توم 106-بەت].

ئىنساننىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك بولغان دىنى ئىشلارنى سورىشى ئەيىپلەنمەيدۇ ۋە ۋەسۋەسە ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بۇ مۇكەممەل بولۇش ئۈچۈن ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالادىن سىزنى بارلىق ياخشىلىققا مۇۋاپىق قىلىشنى سورايمىز، ئاللاھ تائالا بۇنىڭ ئىگىسى ۋە بۇنىڭغا قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.